# 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى بېيجىڭدا يېپىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

2019 - يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2020 - يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتى لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەستىقلاش، 2020 - يىللىق مەركەز خامچوتىنى تەستىقلاش قارار قىلىندى.

يىغىندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللاندى. قاراردا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يىغىندا 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدىن بۇيانقى دائىمىي كومىتېت خىزمىتى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر باسقۇچتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلەر ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قوشۇلۇپ، بۇ دوكلاتنى تەستىقلاش قارار قىلىندى.

يىغىندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارارى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللىنىپ، بۇ ئىككى دوكلاتنى تەستىقلاش قارار قىلىندى.

يىغىندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ فېڭ جۇڭخۇانىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش ئىلتىماسىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللاندى.

ئارقىدىن، لى جەنشۇ سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى تۈرلۈك قارالمىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى، بۇ بىر قېتىملىق دېموكراتىك، ئىتتىپاقلاشقان، ئەمەلىيەتچىل، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن يىغىن بولدى. يىغىندا ئۆتكەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىلدى. ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق قارىدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلدى، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە توسۇپ قېلىندى، ئىككى ئاي ئەتراپىدىكى ۋاقىتتا يەرلىكتە كۈنگە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاغرىق مىسالى بىر خانىلىق سان ئىچىدە تىزگىنلەندى، ئۈچ ئاي ئەتراپىدىكى ۋاقىتتا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. بىزگە ئوخشاش 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسقا ئىگە مۇشۇنداق چوڭ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق نەتىجە - ئۈنۈمنى تەستە قولغا كەلدى. بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ قەھرىمانە ھەرىكىتى، بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ كۈچى.

لى جەنشۇ مۇنداق دېدى: يىغىندا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە باشقا دوكلاتلار قاراپ چىقىپ تەستىقلاندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر باسقۇچتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. بىز يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ تولۇق ئادا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

لى جەنشۇ مۇنداق دېدى: يىغىندا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى يېڭى جۇڭگودىكى قانۇن دەستۇرى نامى بىلەن ئاتالغان تۇنجى قانۇن، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مۇھىم بەلگە خاراكتېرلىك قانۇن چىقىرىش بولۇپ، جەزمەن يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ھەق تەلەپ قانۇن - تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز بۇ قانۇننى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، رىئايە قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە بۇ قانۇن دەستۇرىنى ئومۇملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. پۈتۈن جەمئىيەت ئاڭلىق ھالدا قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى ئازايتىپ، ھەق تەلەپ زىددىيەتلىرىنى پەسەيتكىلى، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىكى، ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

لى جەنشۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يىغىندا شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن - تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار چىقىرىلدى. بۇ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر، ئاساسىي قانۇن ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنىغا ئۇيغۇن، شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا ئالاقىدار قانۇن تۈزۈپ، قانۇن بويىچە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداپ، شياڭگاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ۋە ئۇزاققىچە گۈللىنىشى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئىشلىرىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

لى جەنشۇ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ ئىجادىيەت روھى، ئۇلۇغ كۈرەش روھى، ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىق روھى، ئۇلۇغ ئارزۇ روھىغا ئىگە، بۇ بىزنىڭ بوران - چاپقۇندا توسالغۇسىز جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدىكى تۈپ كۈچ. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلققە چىڭ تايىنىپ، خەلققە ئۈزلۈكسىز بەخت يارىتىپ، خەلق ئارزۇسىدا پۇختا يىلتىز تارتىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتەيلى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 3تىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە، لى جەنشۇ: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى يېپىلدى دەپ جاكارلىدى. يىغىن ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە ئاياغلاشتى.

رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغانلاردىن يەنە دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، شۈ چىلياڭ، سۈن چۇنلەن، لى شى، لى چياڭ، لى خۇڭجۇڭ، ياڭ جيېچى، ياڭ شياۋدۇ، جاڭ يوۋشيا، چېن شى، چېن چۇەنگو، چېن مىنئېر، خۇ چۈنخۇا، گو شېڭكۈن، خۇاڭ كۈنمىڭ، سەي چى، يوۋ چۈەن، ۋېي فېڭخې، ۋاڭ يوڭ، ۋاڭ يى، شياۋ جيې، جاۋ كېجى، جوۋ چياڭ، جاڭ جۈن، جاڭ چىڭلى، ليۇ چىباۋ، دۇڭ جيەنخۇا، ۋەن گاڭ، خې خوۋخۇا، لۇ جەنگوڭ، ۋاڭ جېڭۋېي، ما بياۋ، چېن شياۋگۇاڭ، لياڭ جېنيىڭ، شيا باۋلۇڭ، ياڭ چۇەنتاڭ، لى بىن، باتېر، ۋاڭ يوڭچىڭ، خې لىفېڭ، سۇ خۇي، جېڭ جيەنباڭ، گۇ شېڭزۇ، ليۇ شىنچېڭ، خې ۋېي، شاۋ خۇڭ، گاۋ يۈنلوڭ ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن قاتارلىقلار بار.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار، ئازادلىق ئارمىيەدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى ياكى سىرتتىن ئاڭلىدى.

چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى يىغىننى سىرتتىن ئاڭلىدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەل قىلغۇچ جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىگە نەزەر ——

## «سىياسەت ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ئامما يەنىلا تېخىمۇ كۈچىشى كېرەك»

قاراقاش ناھىيەسىنىڭ قاراساي بازىرى قۇمبويى كەنتىنىڭ ئۈچ تەرىپى قۇم بىلەن ئورالغان، تۆت پەسىل قۇرغاق. بۇ يەردە تۇرىدىغانلار نەچچە ئەۋلاد ئادەم قۇمنى چېكىندۈرۈپ، قۇم ئادەمنى چېكىندۈرۈپ، قايتا - قايتا قەبىھ تەبىئىي مۇھىت بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلگەن، جان تىكىپ ئېلىشىش ئەزەلدىن توختاپ قالمىغان.

«كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە بىر مو ئۈچ پۇڭدىن يەر توغرا كېلىدۇ، يەرنى ياخشى تېرىسا يېيىشكە يېتىدۇ؛ ياخشى تېرىيالمىسا بىر يىل بىكار ئاۋارە بولىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قۇمبويى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى چېڭ يۈلىن مۇنداق دېدى: «يەر يېتىشمىگەچكە، كەسىپ جەھەتتە چىقىش يولى تېپىش كېرەك».

چۈشىدىمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىغان كەنت ئاھالىلىرى بىر مىنۇتمۇ ۋاز كەچمىدى. ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قۇمبويى كەنتى نامرات ئاھالىلەرنى كەسىپكە «باغلىدى»، خىزمەت ئەترىتى نامرات ئاھالىلەر بىلەن ئىزدىنىش داۋامىدا «قان ئىشلەش شەكلى»دىكى كەسىپ يولىدىن ئىككىنى تېپىپ چىقتى: بىرى، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقىدىن پايدىلىنىپ تۇتاش يورۇقلۇق ۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ، پايدىنىڭ ھەممىسىنى نامرات ئاھالىلەرگە بۆلۈپ بەردى؛ يەنە بىرى، تۆگە باقمىچىلىقى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، نامرات ئاھالىلەرنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا پاي قوشۇشقا قوبۇل قىلدى، كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن پايدا، كەسىپ پايدىسى پۈتۈن كەنتتىكى 160 ئائىلىلىك نامرات ئاھالىنى قاپلىدى، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمى كەسىپ ئارقىلىق تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولدى.

يورۇقلۇق ۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى ئەڭ تېز بولدى، بۇلتۇر 1 - ئايدا رەسمىي تورلاشتۇرۇلۇپ توك تارقىتىلدى، پايدا كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش پرىنسىپى بويىچە 100 ئائىلىلىك نامرات ئاھالىگە تەقسىم قىلىنىپ، كۆپچىلىك ئەمگەككە قاتنىشىش، ئەمگەككە تايىنىپ پۇل تېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى، ھەربىر ئائىلە، ھەربىر ئاھالىنىڭ تەقسىمات ئۆلچىمى پۈتۈن كەنتتە ئاشكارا ئېلان قىلىندى. «مۇشۇ بىر تۈردىلا نامرات ئاھالىلەرگە ھەر يىلى ئەڭ ئاز بولغانلىرىغا 1000 يۈەن، كۆپىنچىسىگە 4000 يۈەن تەقسىم قىلىندى» دېدى چېڭ يۈلىن.

«سىياسەت ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ئامما يەنىلا تېخىمۇ كۈچىشى كېرەك.» كەنت ئاھالىلىرى قۇرۇلتىيىدا تۆگە باقمىچىلىقى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش خاراكتېرلىك پايدا تەقسىملەش لايىھەسى بېكىتىلدى، يەنى يىلدا ئىككى قېتىم پايدا تەقسىملەپ، «پۇلنى ئېلىپلا كېتىپ قېلىش» ھادىسىسى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. ئىلگىرى كەنتتە ھەمكارلىق كوپېراتىپى خېلى كۆپ قۇرۇلغان، نامرات ئاھالىلەر ھەم ۋاكالىتەن بېقىش ئائىلىسى، ھەم تېرىقچىلىق ئائىلىسى، ھەم پايچېك بولۇپ، كۆپ قىسىملىرى پايدىنى بۆلۈشۈپ بولۇپلا يوقاپ كەتكەن، چارۋا - ماللارنى باقىدىغان ئادەم يوق، يەرنى تېرىيدىغان ئادەم يوق بولۇپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپىمۇ يۈرۈشمەي قالغان. «ئۇلار پۇلنى خەجلەپ بولۇپ كوپېراتىپ ئېچىسىغا كەلگەندە، كوپېراتىپمۇ نامراتلىقتىن تاقىلىپ قالدى.» كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەمرباقى قەمبەر مۇنداق قارىدى: ھازىرقى ئۇسۇل ياخشى بولۇپ، كوپېراتىپنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا پايدىلىق.

«ئىشىنىمەنكى، ئۇزاق ئۆتمەي، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بەختنىڭ كۈرەش قىلىشتىن كېلىدىغانلىقىدەك داۋلىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ، شۇ چاغدا بۇنداق پايدا تەقسىملەش ئۇسۇلىنى قوللانمىساقمۇ بولىدۇ.» چېڭ يۈلىن مۇنداق دېدى: قۇمبويىلىقلارنىڭ باشقىلار بۇ يەرنى تىلغا ئالغاندا قۇمبويىلىقلار «قىيىن شارائىتتا ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش»نى بىلىپتۇ دەپ تەرىپلىشىنى كۈتىدىغان ئاددىي بىر ئارزۇسى بار.

ۋەكىللەر، ئەزالار ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا توختالدى ——

## «قانچە ئاچقۇچلۇق پەيتكە يېقىنلاشقانسېرى، شۇنچە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ»

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئەكبەر مەتناسىر مۇنداق دېدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەڭ ھالقىلىق پەيتكە كەلدى، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىردە تېخىمۇ داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشىمىز، جەڭنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك.

«كەسىپ دەل جايىدا بولۇش، ياردەم بېرىش - يۆلەش ئۈنۈملۈك بولۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇشتا كەسىپ بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مۇقىم بولۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، نامرات ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك» دېدى ۋەكىل ئەكبەر مەتناسىر.

## «نىسپىي نامراتلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىش»

شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى جياڭ پېڭئەن مۇنداق دېدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى «رايوننى قارىغا ئېلىش»تىن «شەخسنى قارىغا ئېلىش»قا ئۆزگىرىۋاتىدۇ، نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى ھەربىر نامرات ئائىلىگىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

ئەزا جياڭ پېڭئەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنىغا ھۇجۇم قىلىشتا، ئۇزاق مەزگىللىك تەدبىر بىلەن قىسقا مەزگىللىك تەدبىرنى بىرلەشتۈرۈشتە، ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتنىمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقى، كەسىپلەرنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقى قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نىسپىي نامراتلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، نامرات ئاممىنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرالايمەن ——

## كىرىم مەنبەيىم بار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئاساسىم بار

«قۇياش بولسىلا، پۇل تاپقىلى بولىدۇ.» قۇمبويى كەنتىدىكى نامرات ئاھالە ئابابەكرى روزىمەمەتنىڭ كەنتتىكى يورۇقلۇق ۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش توك تارقىتىش تورى تىلغا ئېلىنسىلا، كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ.

ياش ئابابەكرى يورۇقلۇق ۋولت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئۈسكۈنە قوغدىغۇچىسى، ئەسلىدىنلا نامراتلىقتىن تەستە قۇتۇلغان ئۇنىڭ ھازىر ئائىلىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 5000 يۈەندىن ئاشىدۇ.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئېلېكتر ئىستانسىسىدا، پارچە - پارچە يورۇقلۇق ۋولت تاختىسى رەتلىك قەد كۆتۈرۈپ، قۇياش نۇرىنى سۈمۈرۈپ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىشلەپچىقىرىپ، نامرات ئائىلىلەرگە ئۈمىد بېغىشلىماقتا ئىدى. ھاۋانىڭ ئىسسىشىغا قارىماي، ئابابەكرى توبانى ئېلىپ، يورۇقلۇق ۋولت تاختىسىدىكى قۇملارنى ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرتتى. بۇ يەردە قۇم - بوران كۈچلۈك، يورۇقلۇق ۋولت تاختىسىنى ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم سۈرتۈش كېرەك، بولمىسا توك چىقىرىشقا تەسىر يېتىدۇ، كىرىمگە تەسىر يېتىدۇ. ئابابەكرى تۇرۇشلۇق گۇرۇپپىدا ئالتە نەپەر ئىشچى بار، ھەممىسى نامرات ئاھالە بولۇپ، بۇ تۈرگە تايىنىپ نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدى.

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يولنى كۆرسىتىپ بەردى، بىز پەقەت ئىشلىسەكلا بولىدۇ.» ئابابەكرىنىڭ ئىشلىگەنسېرى غەيرىتى ئاشتى.

نامرات ئاھالە تۇرسۇنتوختى تۇرسۇن باقىنىڭمۇ ئوخشاشلا ئىشەنچىسى بار. بۇلتۇر، ئۇ دادىسىدىن 30 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا پاي قوشۇپ، بەش تۆگىنى بېقىشقا ھاۋالە قىلىپ، نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدى. كوپېراتىپ ھەر يىلى 8% پايغا سۇندۇرۇپ پايدا تەقسىم قىلىدۇ، ھەر ئايدا 2000 يۈەن مائاش ۋاقتىدا تارقىتىلىدۇ، ھېسابلىغاندا تۇرسۇنتوختى ئائىلىسىگە بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم كىرىدۇ، ئائىلىدىكى ئۈچ جان ئەمدى ئىككى مو يەرگە قاراپ تۇرمايدىغان بولدى. «چۈشۈمدىمۇ بۇنداق ياخشى كۈنگە ئېرىشىشنى ئويلاپ باقمىغانىدىم.» تۇرسۇنتوختىنىڭ چىرايىدىن يېڭى تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈش چىقىپ تۇراتتى.

[خاتىمە]

«باش شۇجىغا دوكلات . نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىمىز» سەھىپىسىنىڭ جەمئىي ئون پارچە پۈتۈن تاراتقۇ گۇرۇپپا خەۋىرى بۈگۈن ئېلان قىلىنىپ بولدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، نامرات كەنتلەرنىڭ 1 - شۇجىلىرىنىڭ بايانى ۋە كەڭ نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ھېكايىلىرىدە، بىز چىڭ تۇرۇش، كۈرەش قىلىش، ئۆزگىرىش ۋە ئىشەنچنى كۆردۇق.

نامراتلىقنىڭ سەۋەبى مۇرەككەپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس، قېپقالغان قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون ئېغىر نامرات ناھىيە نامراتنىڭ نامرىتى، قىيىننىڭ قىيىنى، قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتتى، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتتى، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشتا ئادەمگە، ئائىلىگە قاراپ تەدبىر قوللاندى، ھەربىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھېكايىسى كىشىلەر قەلبىنى ئېللىتتى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىرىمۇ چۈشۈپ قالمايدۇ!

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋەكىللەر ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، يىللىق پىلان، يىللىق خامچوت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى ئالتە قارار لايىھەسى، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىنى ئاۋازغا قويۇشقا سۇنۇش نۇسخىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن - تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنى ئاۋازغا قويۇشقا سۇنۇش نۇسخىسى قاتارلىقلارنى بىردەك قۇۋۋەتلىدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن نەيىم ياسىن، شى داگاڭ، لى ۋېي، لو دۇڭچۈەن، پېڭ جيارۇي، غانىبات سابۇكەي، جۇ خەيلۈن، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.